SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG
ОБЩЕСТВЕННЫЕ НАУКИ В СИНЬЦЗЯНЕ

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

## 新疆社会科学



4

2012

«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» گە كىرگەن ژۇرنال
7- نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ژۇرنال

入选“中国期刊方阵”
荣获第七届“新疆期刊奖”

ISSN 1002-9052

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال

ئىلمىي ژۇرنال

2012 - يىللىق 4 - سان

(ئومۇمىي 125 - سان)

ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 30 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ


## بۇ ساندا


**نەزەرىيە تەتقىقاتى**

مەملىكىتىمىزنىڭ رايونلارنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي

قىلدۇرۇش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى..........فەن خېگشەن 1

ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئىلىم ئورنى توغرىسىدا مۇلاھىزە..........جۇ دامىڭ 14

كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى ئۇزلۇكسىز گۈللەندۈرۈشنىڭ شىنجاڭنى

گۈزەل ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىكى رولى توغرىسىدا

— پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى روھىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات..........ئابدۇرازاق سايىم 25

**جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى**

يىپەك يولى ۋە قەشقەردىكى يىپەكچى كوچىسى..........ئوسمان مۇھەممەدى قارا قۇتلۇق 34

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت بايلىقلىرىنى

قانۇن ئارقىلىق قوغداش توغرىسىدا..........فىردون پەتتار 38

**مەدەنىيەت تەتقىقاتى**

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئىدىيومىلىرىدىكى

ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى..........ئابدۇقەييۇم مىجىت 47

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىدا توتېمىزم مەسىلىسى

— بۆرە توتېممۇ ياكى سىمۋولمۇ؟..........يۇسۇپجان ياسىن 55

**تارىخ، دىن تەتقىقاتى**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ھەر خىل يېڭى مائارىپ ئىسلاھات

ئىدىيەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى (داۋامى)..........رەخمىتۇللا ھەسەن 64

ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ئېتىكىلىق قاراشلىرىنىڭ رايونىمىز

ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولى..........پەزىلەت توختىمەمەت 75

باش مۇھەررىر: ئابدۇرازاق تۆمۈر

مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەدجان مۆمىن

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي مۇھەررىرى: پەرھات غاپپار

نېستورىيان دىنىنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونىغا تارقىلىشى ۋە تەسىرى توغرىسىدا..........................ن. ت. كۆنەستېكىن 80

## ۋەسىقەشۇناسلىق تەتقىقاتى

قارۇشتى يېزىقىنىڭ كروران بەگلىكىدە قوللىنىلىشى ۋە
بۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر...................غالىب بارات ئەرك 88
قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەيۋەندە ساقلىنىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات............ئەلى غوپۇر 96

## تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى

«تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسەردىكى تاۋۇشلار
ۋە ئۇلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى توغرىسىدا.......................نىجات سوپى 101
خوتەن دىيالېكتىدا ساقلىنىپ قالغان، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە
ئۇچرايدىغان بەزى قەدىمكى سۆزلەر توغرىسىدا............................تۇرسۇنجان ئىمىن 109
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «-لىق// -لىك// -لۇق// -لۈك»
قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە....................................گۈلنار ئىبرىز 116
ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا ئىستىلىستىكىسى ۋە
ئۇنىڭ شېئىرلاردىكى ئىپادىسى توغرىسىدا............................مۇنەۋۋەر مۇختەر 121

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

«باھادىرنامە» رومانىنىڭ تىل مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا.....مۇھەممەتتۇرسۇن داۋۇت پاختەكلىي 129
يىلتىز پىروزىلىرىدىكى «مەدەنىيەتكە سېغىنىش»
روھى ۋە ئۇنىڭ مەنە قاتلىمى توغرىسىدا.............................نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن 138
خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى............باتۇر مەخسۇت 145

تەھرىر ھەيئەتلىرى:

ئابدۇرازاق تۆمۈر، ئابدۇرازاق سايىم، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئىمىن ئەھمىدى

ئارسلان ئابدۇللا، ئادىل خالىق، ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى بارات

# «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسەردىكى تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى توغرىسىدا

نىجات سوپى

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، رۇس ئالىمى رادلوف تەرىپىدىن توپلىنىپ 1886 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىكى تاۋۇشلار ۋە بۇ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىللە، چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «تارانچى دىيالېكتى»؛ تىل تاۋۇشلىرى؛ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ چار رۇسىيە ئالىملىرى سانكت پېتېربۇرگتىكى ئىمپېرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر قايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، فولكلورى ۋە تارىخى توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇردى ھەمدە خېلى كۆپ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. شۇ قېتىمقى ئىلمىي تەتقىقات دولقۇنىدا تەتقىقات نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان ئالىملاردىن بىرى ـ ۋاسىلىي ۋاسىلېۋىچ رادلوف ئىدى. رادلوف ئۆزىنىڭ ھەر قايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدە يېڭى بىر پەللە ـــ «رادلوف دەۋرى»نى بارلىققا كەلتۈردى.

رادلوفنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدە «شىمالدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تىلى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابى ئەينى دەۋردىكى ھەر قايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. بولۇپمۇ بۇ كىتابنىڭ 1 ـ بۆلۈمى بولغان «خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر»دە ھەر قايسى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىنچىكە ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە ئەينى دەۋر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالدى. جۈملىدىن بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا يېزىلغان «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق 6 ـ قىسىم كىتاب تىلىمىزنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىلىشتە بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

«تارانچى دىيالېكتى» ناملىق بۇ كىتاب 1886 ـ يىلى سانكت پېتېربۇرگتا نەشر قىلىنغان. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمىنىڭ ھەجمى 211 بەت. كىتابقا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىن خاتىرىلەنگەن خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ۋە بىر قىسىم يازما ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. مەزمۇن جەھەتتىن ماقال ـ تەمسىللەر، دىنىي نەسىھەتلەر، ئىلىغا ئائىت خەۋەرلەر، مەسەللەر، خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، بېيىتلار قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ كىتاب ھەجمىنىڭ بىر قەدەر چوڭلۇقى، كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، سىستېمىلىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكى بىلەن، چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدۇ. شۇ نۇقتىدىن، مەن بۇ ماقالىدە «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسەردىكى تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان تىلىدىكى تاۋۇشلار ۋە بۇ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش

قانۇنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسەردىكى تاۋۇشلار

رادلوفنىڭ «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسىرىدە سىلاۋىيان يېزىقى ھەرپلىرىنى ئاساس، لاتىن يېزىقى ھەرپلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ تۈزۈلگەن سىستېمىلىق خاتىرىلەش بەلگىلىرى ئىشلىتىلگەن. تىلىمىزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 24 ئۈزۈك تاۋۇش ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ھەرپلەر قوللىنىلغاندىن سىرت، بەزى تاۋۇشلارنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى ئۈچۈنمۇ ئايرىم ھەرپ شەكلى قوللىنىلغان. بۇ نۇقتىدىن، رادلوفنىڭ بۇ ئەسىرىنى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى نۇقتىسىدىن ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنى ئەڭ ياخشى خاتىرىلىگەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

### 1) سوزۇق تاۋۇشلار:

ئەسەردە يېزىق تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم تىلىمىزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئايرىم ھەرپ ئىشلىتىلىپ، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىدا كۆرۈلىدىغان تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنى ۋە تۆت لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسى بۇ يېزىقتا ھەل قىلىنغان. مەسىلەن:

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Y y | ئۇ | 7 | O o | ئو | 5 | E e | ئې | 3 | A a | ئا | 1 |
| Ÿ ÿ | ئۈ | 8 | Ö ö | ئۆ | 6 | I i | ئى | 4 | Ä ä | ئە | 2 |

ئۇنىڭدىن باشقا، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ يۇقىرىقى شەكلىنىڭ ئۈستىگە سىزىقچە (ـ)، ياي شەكلى (ˇ) ۋە «لا» بوغۇمى شەكلىدىكى بەلگە قويۇش ئارقىلىق ئايرىم-ئايرىم ھالدا شۇ تاۋۇشنىڭ ئۇزۇن ۋارىيانتى، قىسقا ۋارىيانتى ۋە ئەڭ قىسقا ۋارىيانتىنى كۆرسەتكەن.

### 2) ئۈزۈك تاۋۇشلار:

24 ئۈزۈك تاۋۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ھەرپلەر قوللىنىلغان:

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Л л | ل | 19 | □ □ | غ | 13 | Д д | د | 7 | Б б | ب | 1 |
| М м | م | 20 | Ф ф | ف | 14 | Р р | ر | 8 | П п | پ | 2 |
| Н н | ن | 21 | K k | ق | 15 | З з | ز | 9 | Т т | ت | 3 |
| h h | ھ | 22 | К к | ك | 16 | Ж ж | ژ | 10 | Ц ц | ج | 4 |
| В в | ۋ | 23 | Г г | گ | 17 | С с | س | 11 | Ч ч | چ | 5 |
| Й й | ي | 24 | Ң ң | ڭ | 18 | Ш ш | ش | 12 | Х х | خ | 6 |

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىچىدە «ف» تاۋۇشى بىلەن «ژ» تاۋۇشىنىڭ قوللىنىلىش چاستوتىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان. «ج» تاۋۇشى ئۈچۈن «ц» ھەرپى قوللىنىلغاندىن سىرت، بەزىدە «ʝ» ھەرپىنىڭ چېكىتسىز شەكلىمۇ قوللىنىلغان. لېكىن، بەزى جايلاردا بۇ ھەرپ «ي» تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان «ʝ» ھەرپىنىڭ ئەسلىي شەكلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. «ئاي، ئەي، ئوي» بوغۇملىرىدا سوزۇق تاۋۇش ھەرپى «i» ئۈزۈك تاۋۇش «ي»نى ئىپادىلەپ، بۇ بوغۇملار ai، äi، oi شەكلىدە يېزىلغان.

## 2. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى

### 1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىپ كېلىشى ھەر قايسى تۈركىي تىللاردىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىدۇر. لېكىن، بۇ خىل ماسلىشىشنىڭ ھەر قايسى تۈركىي تىللاردىكى ئىپادىسى، جۈملىدىن مەلۇم بىر تىلنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىپادىسىمۇ ئوخشاپ كەتمەيدۇ. رادلوفنىڭ «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسىرىگە قارىساق، ئەسەر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئەھۋالىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشايدىغان تەرەپلىرىنىڭمۇ، ئوخشىمايدىغان

تەرەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**تۈپ سۆزلەردىكى ماسلىشىش:**

(1) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ياكى لەۋ هالىتىنىڭ مەلۇم بىرى جەھەتتىن ماسلاشقان بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابىدا ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ هالىتى جەھەتتىن تولۇق ماسلاشقان شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«تاڭنېكى قۇرۇقتۇن، بۇگۈنكى ئۆپكۆ ياخشى»
(ئەتىكى قۇيرۇقتىن، بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى)
«ۋەلىخان تۆرۆ قاشقارنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئېلىپتۇ»
(ۋەلىخان تۆرە قەشقەرنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئاپتۇ)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ئۆپكۆ، تۆرۆ» سۆزلىرى ھەم تىل ئورنى جەھەتتىن، ھەم لەۋ هالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كەلگەن. ئەسەردە يەنە «تۈلكۈ (تۈلكە)، بۆلۆك (بۆلەك)، دۆلۆت (دۆلەت)، تۆرۆپ (تەرەپ)، ئوخشوش (ئوخشاش)» دېگەن سۆزلەرمۇ مۇشۇنداق ماسلاشقان شەكىلدە كەلگەن.

(2) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشمىغان بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابىتا ماسلاشقان شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«مۇنىڭ مەشوقى قاسى تۆرەپتە بارسا تاپقىلى بولامدۇ، قۇرئە سېلىڭلار»
(بۇنىڭ مەشۇقىنى قايسى تەرەپكە بارسا تاپقىلى بولىدۇ، قۇرئە سېلىڭلار)
«كەلىپ شۇ خىرمېنىمغا بەرەكەت بەرەرمىكىن دەپ ئىكى غەلبۇر بۇغداي بەردىم»
(كېلىپ شۇ خامىنىمغا بەرىكەت بېرەرمىكىن دەپ ئىكى غەلۋىر بۇغداي بەردىم)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «قۇرئە (قۇرئە)، غەلبۇر (غەلۋىر)» سۆزلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بولۇش بىلەن، تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

**ياسالما سۆزلەردىكى ماسلىشىش:**

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆزلەرگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا، لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، مۇتلەق شۇنداق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. بەزى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئەدەبىي تىلدا ئىخچاملىنىپ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىر ياكى ئىككىلا ۋارىيانتى قوللىنىلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دىكى ئەسەرلەردە بۇ جەھەتتىكى ماسلىشىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. مەسىلەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆرسىتىش ئالماش «مۇنچە، شۇنچە، ئۇنچە»، سوئال ئالماش «قانچە»، ئېنىقسىز ئالماش «بىر مۇنچە»، دەرىجە رەۋىشى «ـ ئانچە//ـ مۇنچە» قاتارلىقلار تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆز يىلتىزىغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىش بىلەن ياسالغان، يەنى تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلاشمىغان. «تارانچى دىيالېكتى»دا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بۇ سۆزلەرگە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلىنىش بىلەن سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ، «ـ مۇنچا// ـ شۇنچا//ـ ئۇنچا،//ـ قانچا//ـ بىر مۇنچا//ـ ئانچا-مۇنچا» شەكلىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

«مەن نەچەن يىلدىن مۇنچا جاپالارنى تارتىپ كەلدىم»
(مەن نەچچە يىلدىن بېرى مۇنچە جاپالارنى تارتىپ كەلدىم)
«خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىردى، ئانچا-مۇنچا سۆز قىلىشتى»
(خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىردى، ئانچە-مۇنچە سۆز قىلىشتى)
«ئاتامدىن تۆرت يۈز شەھەر قالغان، قانچا قۇل، قانچا پۇل قالغان»
(ئاتامدىن تۆت يۈز شەھەر قالغان، قانچىلىغان قۇل، قانچىلىغان پۇل قالغان)

«مەنىڭ شۇنچا پۇلۇمنى يەپ، ھەلى مەنى تاشلاپ، يانا بۆلۆك كىشىنى ئوبدان كۆرۈپ كەتتى» (مېنىڭ شۇنچە پۇلۇمنى يەپ، ئەمدى مېنى تاشلاپ، يەنە باشقا كىشىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كەتتى)

## سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىدىكى ماسلىشىش:

«تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابتا سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ماسلىشىش سۆزلەرگە ھەر خىل تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. سۆزلەرگە ھەر خىل تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا، لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى بويىچە تاللاپ قوشۇشقا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «- نىڭ» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قوشۇمچىنىڭ «- نۇڭ//- نۈڭ» قاتارلىق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ماڭا ئالتۇن - كۈمۈش، پۇلنۇڭ كەرەگى يوق»

(ماڭا ئالتۇن - كۈمۈش، پۇلنىڭ كېرىكى يوق)

«سەن مەنى ئوتۇز سۆيدۈڭ، سۆيگۈنۈڭنى بەر، قازى»

(سەن مېنى ئوتتوزنى سۆيدۈڭ، سۆيگۈنۈڭنى قايتۇرۇپ بەر، قازى)

(2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «- دىن//- تىن» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا بۇلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ «- دۇن// - تۇن، - دۈن// - تۈن» قاتارلىق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى ھەمدە «- دان// - دەن//- تەن» قاتارلىق لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«مەن كەلدىم شۇندۇن مۇڭا، خۇدانىڭ پەرمانىچا»

(مەن كەلدىم شۇندىن بۇ يەرگە، خۇدانىڭ پەرمانىچە)

«شۇنداق قىلساڭلار قوشتۇن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر»

(شۇنداق قىلساڭلار قوشتىن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر)

«بۇ ئىكىلەسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئول قوش ھايداغان كىشى بۆرۈدۈن، تۈلكۈدۈن قۇتۇلدى» (بۇ ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ قوش ھەيدىگەن كىشى بۆرىدىن، تۈلكىدىن قۇتۇلدى)

«كۈن چىقسا، بۇ ھەر تۆشۈكتۈن كۈننىڭ شاۋلىسى تۈشۈدۇ»

(كۈن چىقسا، بۇ ھەر تۆشۈكتىن كۈننىڭ شولىسى چۈشىدۇ)

«يامان كىشىلەر ھاراقنى سۇدان ئوبدان كۆرۈپ، سۇ ئىشمەي ھاراق ئىچىدۇ»

(يامان كىشىلەر ھاراقنى سۇدىن ياخشى كۆرۈپ، سۇ ئىچمەي ھاراق ئىچىدۇ)

«تۇل خوتۇن، يەتىم ئوغۇل، غەرىپ - مۇساپىر ئۆيۈڭدەن چىقارما»

(تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، غېرىب - مۇساپىرنى ئۆيۈڭدىن چىقارما)

«ئادەم بالىسى ئاتمىش ياشقا يەتكەندە، ھەر قىلىدىغان ئىشتەن قالىدۇ»

(ئادەم بالىسى ئاتمىش ياشقا يەتكەندە قىلىدىغان ھەر ئىشىدىن قالىدۇ)

(3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «- غا//- قا//- گە// - كە// - قە» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى «- گۆ// - كۆ» قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«دۆنى ئالدۇرۇپ كەلدى، دۆگۆ شۇ سۆزلەرنى ئايتتى»

(دۆنى ئالدۇرۇپ كەلدى، دۆگە شۇ سۆزلەرنى ئېيتتى)

«بۆرۈ تۈلكى بىلەن خوتۇن تۆرۆپكۆ يۈردى»

(بۆرە تۈلكە بىلەن خوتۇن تەرەپكە يۈردى)

يۇقىرىقى مىساللاردا «- دۆ» (زەھەرلىك ئۆمۈچۈك)، «تۆرۆپ» (تەرەپ) سۆزلىرىگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى «- گۆ، - كۆ» ئۇلانغان.

(4) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى «-دا// -دە// -تا// -تە» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى «-دۆ»مۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«بۇ مەن خوجا ئەمەس، دەپ بىر سۆزدۆ تۇردى»
(مەن خوجا ئەمەس، دەپ بىر سۆزدە تۇردى)
«ئول خوتۇن ئىكى بالىسىنى يۆتۆلەپ، بىر چۆلدۆ كەتىپ باراتتى»
(ئۇ خوتۇن ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ، بىر چۆلدە كېتىپ باراتتى)
«مەن كۆڭنۆمدۆ ئايتتىم: پادىشا بولدۇم، دەپ»
(مەن كۆڭلۈمدە ئېيتتىم: پادىشاھ بولدۇم، دەپ)

بۇ مىساللاردىكى «سۆز، چۆل، كۆڭۈل» سۆزلىرىگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق «-دۆ» قوشۇمچىسى ئۇلانغان.

(5) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ چەك كېلىش قوشۇمچىلىرى «-غىچە// -قىچە// -گىچە// -كىچە» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى «-غىچا// -قىچا» ۋە ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى «-گۈچە// -كۈچە» قاتارلىقلارمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«شۇ ۋاققىچا سەن يۇتۇڭنۇڭ چوڭ-كىچىگىنى ماڭا كۆرسەتمەدىڭ»
(شۇ ۋاققىچە سەن يۇرتۇڭنىڭ چوڭ-كىچىكىنى ماڭا كۆرسەتمىدىڭ)
«يامان خوتۇن ئالغىچا، بويتاق يۈرگۈن ئۆلگۈچە»
(يامان خوتۇن ئالغىچە، بويتاق يۈرگىن ئۆلگىچە)
«بەش يۈز-ئالتى يۈز كىشى كۈرە ئىچىدەكى مەڭسىپدارلارغا كۈزگۈچە ئالبانى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ»
(بەش-ئالتى يۈز كىشى كۈرەدىكى مەنسەپدارلارغا كۈزگىچە ئالۋانى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ)
«ئۆي بۈتكۈچە هەر كۈللىگى ئوغا چىقسا، تاغلاردا هەر قىسما كىكلەرنى كۆرۈپ، مەشوقى كۆڭنىدىن چىقارمىكەن» (ئۆي پۈتكىچە هەر كۈنلىكى ئوۋغا چىقسا، تاغلاردا هەر خىل هايۋانلارنى كۆرۈپ، مەشۇقى كۆڭلىدىن چىقارمىكىن)

(6) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى «-دەك، -تەك» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «-داق»مۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «يارىغىداق (يارىغىدەك)، بولغۇداق (بولغۇدەك)، گۇناكارداق (گۇناهكاردەك)، ئوغلانداق (ئوغلاندەك)، ئاشىقلارداق (ئاشىقلاردەك)، تۇتقىداق (تۇتقىدەك)، ئالغۇداق (ئالغۇدەك)».

(7) هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پېئىللارنىڭ بايان رايىنىڭ ئۆتكەن زامان 1-شەخس كۆپلۈك شەكلى قوشۇمچىلىرى «-دۇق// -تۇق» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا، لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى «-دۈك// -تۈك» ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «-دىك» قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۈچ ئوغلۇم بار ئىدى، ئىكى تارانچى ئىدۈك»
«ئاتېمىز ئۆلگۆندىن كىن، بىز ئىكى قىز بۆلۈشتۈك»
«بىز ئېنى كۆردۈك، ئېنىڭ ئۈچۈن باغلاپ ئېلىپ كەلدىك»

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «-دۈك، -تۈك» قاتارلىقلار ھېلىمۇ مەلۇم نىسبەتتە قوللىنىلماقتا.

(8) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ بايان رايى ئۆتكەن زامان III شەخس قوشۇمچىسى «-دى// -تى» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ «-دۇ//

ـ دۇ» قاتارلىق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«مانجۇ بىزگە تولا زۇلما قىلىپ تۇردۇ»

(مانجۇلار بىزگە تولا زۇلۇم قىلىپ تۇردى)

«خوتۇننى ئۈچ كۈنگىچە سوقمۇسا، ئەرىم ئۆلدۇ دەيگىدەك»

(خوتۇننى ئۈچ كۈنگىچە ئۇرمىسا، ئېرىم ئۆلدى دېگۈدەك)

(9) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پېئىللارنىڭ بايان رايى كەلگۈسى زامان III شەخسى ئېنىقسىز شەكلى قوشۇمچىلىرى «ـار// ـەر» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ «ـۇر، ـۈر» قاتارلىق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «يۈيۈلۈر (يۈيىلار)، بولۇر (بولار)، قۇتۇلۇر (قۇتۇلار)، كەلۈر (كېلەر)، ئۆلتۈرۈر (ئۆلتۈرەر)، بەرۈر (بېرەر)، كۆرۈر (كۆرەر)، يەتكۈزۈر (يەتكۈزەر)».

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارانچى دىيالېكتى»دا بەزى سۆزلەرگە پېئىللارنىڭ بايان رايىنىڭ يۇقىرىقى قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، سۆزنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشقان بولۇشىمۇ، لېكىن لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشمىغان ئەھۋاللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار»

(يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار)

«ئات ئورۇقلۇقتا تۈشەر، خوتۇن غەرىپلىقتا تۈشەر»

(ئات ئورۇقلۇقتا چۈشەر، خوتۇن غېرىبلىقتا چۈشەر)

«ئەمدى ئۆلتۈرەرگە قەس قىلىپ تۇرۇپتۇ»

(ئەمدى ئۆلتۈرەرگە قەست قىلىپ تۇرۇپتۇ)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «يۇقار، تۈشەر، ئۆلتۈرەر» قاتارلىق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشمىغان.

«تارانچى دىيالېكتى»دا پېئىللارنىڭ بايان رايىنىڭ يۇقىرىقى قوشۇمچىلىرى ئىچىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلارنىڭ بەزىدە نورمىدىن ئارتۇق قوللىنىلغانلىقىنىمۇ كۆرىمىز. مەسىلەن: «ئالۇر (ئالار)، كەتۈر (كېتەر)، تالشۇر (تالىشار)، يارىشۇر (يارىشار)» دېگەندەك سۆزلەردە ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولغانىكەن، بۇ سۆز تۈرلەنگەندە قائىدە بويىچە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ يەردە ئۇلارغا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلانغان.

(10) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ بايان رايى كەلگۈسى زامان بولۇشسىز شەكلىگە قوشۇمچىلىرى «ـماي// ـمەي» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «مۇي»مۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

‹1› «سۇنى كۆرمۈي ئۆتۈك چەشمە» (سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك يەشمە)

‹2› «بويتاقنىڭ تۈتۈننى بۇلۇت كۆرمۈيدۇ، يۈندىسىنى ئىت كۆرمۈيدۇ»

(بويتاقنىڭ تۈتۈننى بۇلۇت كۆرمەيدۇ، يۈندىسىنى ئىت كۆرمەيدۇ)

(11) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پېئىللارنىڭ بايان رايى كەلگۈسى زامان گۇمان ۋە رىۋايەت تۈسى قوشۇمچىسى «ـ دەك» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «ـ داق»مۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «قىلغىداق (قىلغىدەك)، ياتقىداق (ياتقىدەك)، بولالمىغىداق (بولالمىغىدەك)».

(12) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى كەلگۈسى زامان II شەخس بىرلىك قوشۇمچىلىرى «ـغىن// ـقىن// ـگىن// ـكىن» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ «ـغۇن// ـگۈن» قاتارلىقلار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق

ۋارىيانتلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

‹1› «بىز پادىشانىڭ ئالدىغا داتقا بارىمىز، سەن بىرگە يۈرگۈن»
(بىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا دات ئېيتقىلى بارىمىز، سەن بىرگە يۈرگىن)

‹2› «سەن شۇ يەرگە تۇرغۇن، دەدى» (سەن شۇ يەردە تۇرغىن، دېدى)

(13) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى كەلگۈسى زامان III شەخس قوشۇمچىسى «-سۇن» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ بۇ قوشۇمچىنىڭ يەنە لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «-سۈن» ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى «-سىن» قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«زىنداندا يېتىپ ئۆلسۈن» (زىنداندا يېتىپ ئۆلسۇن)

«دۇنيادا غېمى يوق كىشى تېپىپ كەلسىن، دەدى» (دۇنيادا غېمى يوق كىشىنى تېپىپ كەلسۇن، دېدى)

بۇلاردىن باشقا، ئەسەردە يەنە «ئۆلتۈرسۈن، كەلسۈن، بەرسۈن، تەگسۈن، كەسسۈن، كىرسۈن» دېگەندەك سۆزلەردىمۇ بۇ خىل قوشۇمچىلار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە قوللىنىلغان.

(14) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ شەرت رايى كەلگۈسى زامان III شەخس قوشۇمچىلىرى «-سا// -سە» شەكلىدە كېلىدۇ. «تارانچى دىيالېكتى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى «-سو// -سۆ» قاتارلىقمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئانداق بولسو سەن پاتماننى نوقۇت بىلەن توشقۇزالساڭ، ئۇ قالغان ئىككى ئىشنى مەن ئۆرگەتىپ بەرەي» (ئۇنداق بولسا سەن پاتماننى نوقۇت بىلەن توشقۇزالساڭ، ئۇ قالغان ئىككى ئىشنى مەن ئۆگىتىپ قوياي)

«نەمەنى كۆرسۆ شۇنى يەيدۇ» (نېمىنى كۆرسە، شۇنى يەيدۇ).

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارانچى دىيالېكتى»دا «بۆرۈ\بۆرى، تۈلكۈ\تۈلكە» دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلەر ھەر دائىم بىرلا خىل شەكىلدە كۆرۈلمەستىن، تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بەزىدە ئالدىنقى شەكلىدىكىدەك تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن تولۇق ماسلاشقان ھالدا، بەزىدە كېيىنكى شەكلىدىكىدەك قىسمەن ماسلاشقان ھالدا كۆرۈلىدۇ. ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ياكى لەۋ ھالىتى جەھەتتىن تولۇق ماسلاشقان بىر قىسىم سۆزلەر ئەكسىچە «تارانچى دىيالېكتى»دا قىسمەن ماسلاشقان شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«خوتۇللىرىنى كۆرەگە ئېلىپ بېرىپ، مانتۇچىلىقتا قويۇپتۇ»
(خوتۇنلىرىنى كۆرەگە ئېلىپ بېرىپ پاھشەلىككە قويۇپتۇ)

«توقا بىر تۇخۇم بەردى، تۇخۇمنى ئېلىپ بۇشۇردۇم»
(توخۇ بىر تۇخۇم بەردى، تۇخۇمنى ئېلىپ پىشۇردۇم)

يۇقىرىقى مىساللاردا «مانتۇ (مانتا)، توقا (توخۇ)» سۆزلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشمىغان. بۇنىڭدىن ئەينى دەۋر تىلىدا سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ دائىم تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن تولۇق ماسلىشىپ كېتەلمىگەنلىكى، بىر قىسىم سۆزلەردە قىسمەن ماسلىشىشنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

دېمەك، «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسەردىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن تولۇق ماسلىشىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان. بۇ، يالغۇز تۈپ سۆزلەردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى سۆزلەرگە ياسىغۇچى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىمۇ ئىپادىلەنگەن. يەنى شۇ بىر يۈرۈش قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋە لەۋلەشكەن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوللىنىلغان. لېكىن، بۇ دەۋر تىلى يەنىلا ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ بەزىدە مۇقىم

ئەمەسلىكىنىمۇ كۆرۈش كېرەك.

### 1) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى:

تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك «تارانچى دىيالېكتى»دىمۇ ئوخشاشلا ئەكس ئەتكەن. جۈملىدىن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغان. مەسىلەن:

‹1› «قاشقا ساناغان كۆزگە» (قاشقا سانىغان كۆزگە)

‹2› «يولدا ياتقان ئىلاننىكى ئۆمرى قىسقا، كەچە يۈرگەن ئەرنىكى ئۆمرى قىسقا»

(يولدا ياتقان ئىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا، كېچىدە يۈرگەن ئەرنىڭ ئۆمرى قىسقا)

ئالدىنقى مىسالدا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «ش» بىلەن ئاياغلاشقان «قاش» سۆزىگە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن جاراڭسىز سوزۇق تاۋۇش «ق» بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى «ـ قا» ئۇلانغان، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ز» بىلەن ئاياغلاشقان «كۆز» سۆزىگە بولسا بۇ قوشۇمچىنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ـ گ» بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى «ـ گە» ئۇلانغان. كېيىنكى مىسالدىكى «يولدا، ياتقان، يۈرگەن» سۆزلىرىدىمۇ قوشۇمچىلار مۇشۇ قائىدە بويىچە تاللاپ ئۇلانغان.

دېمەك، «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق ئەسەرنىڭ تىلى ئوتتۇرا دەۋر ئۇيغۇر تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر پۈتۈن تاۋۇش سىستېمىسىغا ئىگە مۇكەممەل تىل ھېسابلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىمۇ بىر قەدەر قانۇنىيەتلىك بولغان، بولۇپمۇ سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن. بۇ دەۋر تىلى فونېتىكا جەھەتتىن چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، تەدرىجىي ھالدا خەلقنىڭ ئېغىز تىلىغا يېقىنلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس ياراتقان.


پايدىلانمىلار:

1. ۋ. ۋ. رادلوف: «شىمالدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تىلى ـ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر (1 ـ بۆلۈم) — تارانچى دىيالېكتى (6 ـ قىسىم)» ، سانكىت پېتېربۇرگ: 1886 ـ يىلى نەشرى.

2. ئارسلان ئابدۇللا، يارى ئەبەيدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

3. ئەسئەت سۇلايمان: «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى ۋە ئوتتۇرا دەۋر ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007 ـ يىللىق 4 ـ سان.



[بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى پەنلىرى پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسى تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى ئادەمىيات ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ «تارانچى تېكىستلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى. تەستىق نومۇرى: 12YJA740058]



**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى پەنلىرى پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىنىڭ تەتقىقات خادىمى؛ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى



**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت




主管单位：新疆社会科学院
主办单位：新疆社会科学院
出　　版：新疆社会科学杂志社
编　　辑：新疆社会科学杂志社维吾尔文编辑部
总　　编：阿不都热扎克·铁木尔
临时负责人：买买提·莫明
地　　址：新疆乌鲁木齐市北京南路 246 号
邮　　编：830011
电　　话：(0991)3837937
电子信箱：pantatkikat@sina.com
国际标准刊号：ISSN1002—9052
国内统一刊号：CN65—1038/C
邮发代号：58—81
国内总发行：新疆乌鲁木齐市邮政局
封面印刷：新疆新华印刷厂
内页印刷：新疆八百印务有限公司
广告经营许可证：6500006000035
定　　价：5.00 元

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى ژۇرناللار نەشرىياتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: ئابدۇرازاق تۆمۈر
ۋاقىتلىق مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەدجان مۆمىن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسى 246-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830011
تېلېفون نومۇرى: 0991-3837937
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: pantatkikat@sina.com
خەلقئارا ئورتاق نومۇرى: ISSN1002-9052
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 - 1038 /C
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 81
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مۇقاۋا شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئىچكى بەتلىرى شىنجاڭ بابەي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000035
باھاسى: 5.00 يۈەن